2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
1
پەيشەنبە
维吾尔文 8月1日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W ：مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com 24774 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

## شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 16 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى:

# قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك

■ ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم كاپالىتى، ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارمىيەمىزنىڭ بىر قېتىملىق تۈزۈم خاراكتېرلىك قايتا قۇرۇلۇشى بولۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشقا مۇناسىۋەتلىك، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىستېمىلىق تۇپلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ بىرىكمە كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا 16 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم كاپالىتى، ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارمىيەمىزنىڭ بىر قېتىملىق تۈزۈم خاراكتېرلىك قايتا قۇرۇلۇشى بولۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشقا مۇناسىۋەتلىك، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىستېمىلىق تۇپلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ بىرىكمە كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىسلاھات ئارقىلىق ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ كولومبىيە زۇڭتۇڭى دۇك بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جيې)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا كولومبىيە زۇڭتۇڭى دۇك بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 40 يىل ئىلگىرى، كولومبىيە ھۆكۈمىتى ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش قارارى چىقارغان، زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ دادىسى ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت ئەزاسى بولۇپ، بۇ تەدبىرنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى باشلانغان پەيتكە گۇۋاھ بولغان. بۈگۈن جۇڭگو ـ كولومبىيە مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ كۈچ ئۇلاش تايىقىسىزنىڭ ۋە مېنىڭ قولۇمغا يەتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم سىز مەخسۇس جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن جۇڭگو ـ كولومبىيە ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پائال كۈچ چىقىرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈردىڭىز،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ
# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتايلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدىغان 15 ـ سان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتايلى» ماۋزۇلۇق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەمىز 100 يىللىق چوڭ پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانداق قىلىپ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش، ياشلىق ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاش، قانداق قىلىپ خەلقنىڭ مەڭگۈ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىش، قانداق قىلىپ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بىز جەزمەن ياخشى جاۋاب بېرىشكە، ياخشى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ مەسىلە. پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلاردىن ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى تەلەپ قىلىشى پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارغا پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنىڭ پارتىيەنىڭ خاراكتېرى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ھال سوراش خېتى

**شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى قىزىل ئارمىيە پېشقەدەم جەڭچىلىرى، ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار، كەسىپ ئالماشقان، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، ياردەم ـ مېيىپ ھەربىيلەر، قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، زاپاس ھەربىيلەر ۋە كەڭ خەلق ئەسكەرلىرى:**

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 92 يىللىقى پەيتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق سىلەرنىڭ بايرىمىڭلارنى تەبرىكلەيدۇ ۋە سىلەردىن سەممىي ھال سورايدۇ!

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئارمىيەسى. 92 يىلدىن بۇيان، خەلق ئارمىيەسى پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئۇرۇش ئىس ـ تۈتەكلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت شەرەپلىك نام بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى
## شى جىنپىڭ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن شەخسكە مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى
## شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئورۇنلارغا لەۋھە بەردى




7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شەرەپلىك نام بېرىش مۇراسىمى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن بىر شەخسكە مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى، شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئۈچ ئورۇنغا لەۋھە بەردى. بۇ، شى جىنپىڭنىڭ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن شەخس ۋە ئورۇن ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن كوللېكتىپ خاتىرە سۈرىتى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شۆنلياڭ)** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شەرەپلىك نام بېرىش مۇراسىمى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن بىر شەخسكە مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى، شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئۈچ ئورۇنغا لەۋھە بەردى.

1 ـ ئاۋغۇست بىناسىنىڭ مۇراسىم نەق مەيدانىدا، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى رەتلىك سەپكە تىزىلغان بولۇپ، كەيپىيات تەنتەنىلىك، قىزغىن ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11لەر ئەتراپىدا، 18 نەپەر ھۆرمەت قاراۋۇلى ھۆرمەت قەدەم بىلەن مەيدانغا كىرىپ، قورال تۇتۇپ ئىككى ياندا كۆتۈپ تۇردى، نام بېرىش مۇراسىمى باشلاندى، پۈتۈن مەيداندا بىرلىكتە دۆلەت شېئىرى ئوقۇلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇ چىلياڭ شى جىنپىڭ ئىمزالىغان مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شەرەپلىك نام بېرىش بۇيرۇقىنى ئوقۇدى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# مەركىزىي ھەربىي كومىتېت شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى
## شى جىنپىڭ بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى ھەم ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى




7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى بېيجىڭ 1 ـ ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرىغا بۇيرۇقنامە بەردى. بۇ، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شۆنلياڭ)** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بېيجىڭ 1 ـ ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرىغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى.

چۈشتىن ئىلگىرى سائەت 11دىن 40 مىنۇتلار ئەتراپىدا، ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇ چىلياڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئىمزالىغان شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش بۇيرۇقىنى ئوقۇدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ قېتىم شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرى: ھەربىي كومىتېت جابدۇق تەرەققىيات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى شاڭفۇ، جەنۇبىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى يۈەن يۈبەي، غەربىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ جېڭجى ۋېيىيۈەنى ۋۇ شېجوۇ، شىمالىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ جېڭجى ۋېيىيۈەنى فەن شياۋجۈن،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئوقۇش يېتەكچىسى

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالىدى
# بىر شەخس، ئۈچ ئورۇنغا شەرەپلىك نام بېرىلدى
### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئومۇمىي بۇيرۇق ئىمزالىدى
# تۆت شەخس، بىر ئورۇنغا تۆھپە يېزىلدى

تەپسىلاتى 2 ـ بەتتە